سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# لوپنۇردىكى مەڭگۈلۈك ئابىدە

## —— جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى، بىيوخىمىيە ئالىمى پېڭ جىامۇ توغرىسىدا

ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى

□ مۇخبىرىمىز شى خۇيبىن

«مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردىم، پارتىيەنىڭ پروگراممىسىنى ھىمايە قىلىمەن، پارتىيەنىڭ نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىمەن...» 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسىدىكى ئىنقىلابىي قۇربان پېڭ جىامۇ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسىدا، بىر مەيدان باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

«لوپنۇردا يوقاپ كەتكەن بىر ئالىم، سىرلىق تۈسكە تولغان.» بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى لىيۇ خۇيلياڭنىڭ كاللىسىدىكى پېڭ جىامۇ توغرىسىدىكى تەسىرات ئىدى، ھالبۇكى، بۈگۈنكى بۇ باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىدە ئۇنىڭدا پېڭ جىامۇغا نىسبەتەن يېڭى تونۇش ھاسىل بولدى: ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىغا تولغان، يول ئاچقۇچى بولۇشنى ئۈستىگە ئالغان، يېڭىلىق يارىتىشتا جۈرئەت قىلغان... لىيۇ خۇيلياڭ مۇنداق دېدى: پېڭ جىامۇدا ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن نەرسە بار.

### چېگرا رايونغا «ھەسسە قوشۇش»

پېڭ جىامۇ(彭加木)نىڭ ئەسلى ئىسمى پېڭ جىامۇ (彭家睦) بولۇپ، 1925 - يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پەنيۈ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1947 - يىلى دۆلەتلىك مەركىزىي داشۆسىنىڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىيوخىمىيە تەتقىقات ئورنى، ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش كومىتېتىدا ياردەمچى، ياردەمچى تەتقىقاتچى بولغان.

1956 - يىلى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تەشكىللەپ قۇرۇشنى قارار قىلغان. پېڭ جىامۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان: «مەن چېگرا رايونغا بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن، بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم...» مۇراجىئەتنامىسىدە پېڭ جىامۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى «جىامۇ»(家睦)نى «جىامۇ»(加木)غا ئۆزگەرتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن كىچىك ئائىلەمدىن چىقىپ، چېگرا رايونغا بېرىپ، چېگرا رايون ئۈچۈن «ھەسسە قوشۇشنى خالايمەن».

1957 - يىلى، پېڭ جىامۇ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان، دوختۇرخانا كېسەل خەتەرلىك باسقۇچقا كېلىپ قالغانلىق ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرگەن. ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپمۇ چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى دائىم ئېسىدىن چىقارمىغان.

1957 - يىلى، كېسەللىك ئەھۋالىدا سەل ياخشىلىنىش بولغاندا، پېڭ جىامۇ شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئالاقىدار تەتقىقات ئاپپاراتى قۇرۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، شاڭخەيگە قايتىپ كېلىپ، بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات خادىملىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ شىنجاڭغا كېلىپ خىمىيە تەجرىبىخانىسى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان. ئەينى يىلى پېڭ جىامۇ بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ھەممىسى كېيىن قېپقالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، زور بىر تۈركۈم ياش پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرگەن.

1958 - يىلى، پېڭ جىامۇ يەنە بىر قېتىم ئاغرىپ يېتىپ قالغان، لېكىن ئۇ بەل قويۇۋەتمىگەن. كېيىن، كېسەللىك بىلەن ئېلىشقان، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلىغان پېڭ جىامۇ پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى ئۈلگىگە ئايلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

### «لوپنۇر تەتقىقاتى جۇڭگودا بولۇشى كېرەك»

شىنجاڭدا پېڭ جىامۇنىڭ قەدەم ئىزلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا قالغان.

ئۇ ھەر يىلى شىنجاڭدا ئۈچ ئاي ئەتراپىدا خىزمەت قىلىپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنى يېتەكلەپ ئېتىز - ئېرىق باشلىرىغا، چۆل - جەزىرىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۈرلۈك خىمىيەلىك ئەۋرىشكە، كېسەللىك ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىپ، تەجرىبىخانىغا قايتىپ كېچە - كۈندۈز تەجرىبە قىلىپ، كۆزىتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆممىقوناق، بۇغداي، قوغۇن قاتارلىقلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ۋىرۇسلارنى ئايرىپ چىقىپ، تازىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئۆسۈملۈك ۋىرۇسى ئىلمىي تەتقىقاتىغا ئاساس سالغان.

1964 - يىلى، 1979 - يىلى، پېڭ جىامۇ ئىككى قېتىم لوپنۇر ئەتراپىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك بايلىقلارنى بايقاپ، بىر قىسىم مۇھىم، زور پەن تەتقىقات ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان. پېڭ جىامۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ جانلىقلار - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنى (ھازىرقى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى)نىڭ سابىق باشلىقى شيا شۈنچىڭنى تېپىپ: «لوپنۇر تەتقىقاتى جۇڭگودا بولۇشى كېرەك» دېگەن. ئۇ، ئىككىيلەننىڭ بىرلىشىپ لوپنۇر ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن.

1979 - يىلى، پېڭ جىامۇ شىنجاڭغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. 1980 - يىلى 1 - ئايدا، پېڭ جىامۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ خىمىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 5 - ئايدا، پېڭ جىامۇ ئۆزىنىڭ لوپنۇردىكى 3 - قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈشىنى باشلىغان.

نۇرغۇن كۈن جاپالىق سەپەر قىلىش جەريانىدا، پېڭ جىامۇ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ نۇرغۇنلىغان جانلىق، تۇپراق ئەۋرىشكىلىرى ۋە مىنېرال تاش قاتلاملىرىنى يىغقان، نۇرغۇن قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىغان. ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەترەت تەشكىللەپ تۇنجى قېتىم لوپنۇرنىڭ مەركىزىي بەلبېغىنى كېسىپ ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيەسىنى بويلاپ يەنە بىر قېتىم لوپنۇر رايونىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەندە، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى كىشىنى چۆچۈتىدىغان قۇم - بورانغا ئۇچراپ، ئاپتوموبىل بىرقانچە قېتىم پېتىپ قالغان، تەمىناتلار ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەي قالغان. كۆپچىلىك ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان قىسمىدىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىشنى قارار قىلغان، تەلەپ تەستىقلانغان، لېكىن پېڭ جىامۇ يەنىلا ئايروپىلاندا سۇ توشۇسا بەك قىممەت بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپ، داۋاملىق سۇ مەنبەسىنى ئىزدەشكە بەل باغلىغان.

«مەن شەرققە قاراپ مېڭىپ قۇدۇق ئىزدەي، پېڭ.» بۇ سۆز پېڭ جىامۇنىڭ كىشىلەرگە قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇچۇرى بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى سەككىز قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئىزدەشنى تەشكىللىگەن بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان.

### پېڭ جىامۇ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات

«داڭلىق ئالىم پېڭ جىامۇ لوپنۇردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى.» كىشىلەرنىڭ باشتىن - ئاخىر بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ئاندىن ئاخىر پېڭ جىامۇنىڭ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلىقىدەك ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلدى.

1981 - يىلى 10 - ئايدا، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شاڭخەي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى پېڭ جىامۇغا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بەردى.

2009 - يىلى، پېڭ جىامۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 100 شەخس بولۇپ باھالاندى.

2019 - يىلى، پېڭ جىامۇ «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

پېڭ جىامۇ كەتتى، بىراق ئۇ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات.

2019 - يىلى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسى ئىنقىلابىي قۇربان پېڭ جىامۇنىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسىنى قايتا قۇردى، نۆۋەتتە بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى باش تېما تەربىيە بازىسىغا ئايلاندى ھەم جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلدى.

پېڭ جىامۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدا، شيا شۈنچىڭ ئۆمەك باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھالاكەت دېڭىزىغا 32 قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، لوپنۇر تەتقىقاتىدا نۇرغۇن بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

پېڭ جىامۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، ئۇ لوپنۇرنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسىگە ئايلىنىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە ھەم ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرماقتا.

# كاتتا بايرام خۇشال - خۇرام تەبرىكلەندى   ئىستېمال بازىرى قىزىپ كەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈرۈمچى ناھىيەسى شۈيشىگۇ بازىرىنىڭ «شيەنلەي كىچىك بازىرى» بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى. كىچىك بازارنىڭ مەيدانىغا تەسىس قىلىنغان «مەن شىنجاڭدا، ۋەتىنىمگە قەلبىمنى ئىزھار قىلىمەن» تېمىسىدىكى ئىجادىيەتلىك قەلب ئىزھار قىلىش تېمى كۆپچىلىكنى بەس - بەستە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇشقا جەلپ قىلدى.

بۇ يىل 9 - ئايدا تىجارەت باشلىغان «شيەنلەي كىچىك بازىرى» ئۈرۈمچى ناھىيەسى نەنشەن مەدەنىيەت ساياھىتىنىڭ يېڭى يەر بەلگىسى. دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 مېتىر كېلىدىغان مەززىلىك تائاملار كوچىسىدا، ھەر خىل مەززىلىك تائاملارنىڭ ئالدى ئۇزۇن ئۆچرەت بولۇپ كەتتى. بىر پېنتاڭ دۇكىنىنىڭ خوجايىنى مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ بىرنەچچە كۈندە ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، دۇكىنىمىزنىڭ كۈنلۈك تىجارەت سوممىسى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولدى.

«شيەنلەي كىچىك بازىرى» پىلان بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ كې مۇنداق دېدى: «مەنزىرە رايونى ساياھەتنى مەدەنىيەت ساياھىتىگە، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ساياھەتكە ئۆزگەردى، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ساياھەت كەسپى چوقۇم بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ».

پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆزگىچە كىچىك بازارلارنىڭ سودىسى قىزىپلا قالماي، تارباغاتاي ۋىلايىتى باقتۇ پورتىغا جايلاشقان جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى تېپىنى ئۆزگەرتىپ سودا رايونىغا تەرەققىي قىلغاندىن بۇيان، خېرىدارلار ئېقىمى، سېتىش سوممىسى تەدرىجىي ئاشتى. يېڭى قۇرۇلغان يىپەك يولى مەدەنىيەت تاۋارلىرى شەھەرچىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن تاۋار كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ھەپتىلىكى پائالىيىتىدە، ئۈرۈمچىلىك ساياھەتچى لىيۇ خۇەننىڭ ھاسىلاتى كۆپ بولدى. كېتىدىغان چاغدا، قولىدا چوڭ - كىچىك سومكىلارنى كۆتۈرۈۋېلىپلا قالماي، ئۈندىدارىغا «سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلىش» ئۇچۇرلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن كېلىپ تۇردى.

ئىگىلىنىشچە، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، باقتۇ پورتىدىكى جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرىدىكى كىشىلەر ئېقىمى 7300 نەچچە ئادەم قېتىم، سودا ئومۇمىي سوممىسى 860 نەچچە مىڭ يۈەن بولغان.

### ■ يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىش مودىغا ئايلاندى

«ھازىر سەپەرگە چىقىشتىكى بىرىنچى تاللىشىمىز يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز، دەم ئېلىش مەزگىلىدە سىرتقا چىقىپ ئويناش بەكمۇ قولايلىق!» قومۇل شەھىرى ئاھالىسى يىن رۇڭجۈن 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت 8دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ، سائەت 11دىن 19 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدى. «ئىلگىرى ئۈرۈمچىگە كېلىشتە سەككىز سائەتتىن ئارتۇق پويىزغا ئولتۇراتتۇق، ھازىر يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز ھەم تېز، ھەم سىلىق ماڭىدۇ» دېدى ئۇ.

قومۇل شەھىرى ئاھالىسى چېڭ شىنپىڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ لەنجوۋغا بېرىپ خۇاڭخې دەرياسىنى كۆرۈشنى تاللىدى. «قومۇلدىن لەنجوۋغىچە بولغان پۈتۈن مۇساپە ئاران توققۇز سائەتتىن كۆپرەك بولۇپ، ئىلگىرىكى ئادەتتىكى تېز پويىزغا ئولتۇرغاندىكىگە سېلىشتۇرغاندا ۋاقىت يېرىمغا يېقىن قىسقاردى.» چېڭ شىنپىڭ مۇنداق دېدى: «ھازىر ئەتىگەندە شىنجاڭدا ئەتكەنچاي ئىچسەك، چۈشتىن كېيىن لەنجوۋدا كالا گۆشى ئۈگرىسى ئىچەلەيمىز».

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە قومۇل ۋوگزالىغا كەلگەن، يولغا چىققان يولۇچى جەمئىي 85 مىڭ ئادەم قېتىم بولغان، قومۇل ۋوگزالىدىن يولغا چىققان يولۇچى سانى 46 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن.

قىسقا مۇساپىلىك يولۇچىلارمۇ شەھەرلەر ئارا قاتنايدىغان پويىزنىڭ «ئاممىۋى قاتناشلاشتۇرۇلۇش» قولايلىقىدىن بەھرىمەن بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى ما جىنجېڭ ئائىلىسىدىكىلەر شەھەرلەر ئارا قاتنايدىغان پويىزدا قارامايغا بېرىپ قاراماي تېغى ۋە موگۈيچېڭنى كۆرۈشنى تاللىدى.

تۇردا ئاپتوموبىل ئىجارە ئېلىش بۇ دەم ئېلىش مەزگىلىدىمۇ ناھايىتى قىزىپ كەتتى، ساياھەتچىلەر ئايروپىلان ياكى پويىزغا ئولتۇرۇپ باشقا جايغا يېتىپ بېرىپ، ئاندىن تۇردا ئاپتوموبىل ئىجارىگە ئېلىپ بەھۇزۇر ساياھەت قىلىش نۇرغۇن كىشىنىڭ تاللىشى بولدى. مۇخبىرنىڭ تۇردا ئاپتوموبىل ئىجارىگە بېرىدىغان بىرقانچە شىركەتتىن ئىگىلىشىچە، ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان پىكاپ، سودا ئاپتوموبىللىرى بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغان.

### ■ «كېچىلىك ئىقتىساد» ناھايىتى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولدى

چىراغلار يېقىلىشى بىلەنلا، قەشقەر رەڭگارەڭ بايراملىق تۈسكە كىردى. كەچلىك بازار قەشقەرنىڭ كېچىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى بولۇپ، ھەر خىل مەززىلىك تائاملار بۇ يەرگە جەم بولغان. تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، تەمىنىڭ مەززىلىكلىكىدىن كىشىلەرنىڭ كېتىشكە كۆزى قىيمايتتى.

«قەشقەرگە كەلگەندە جەزمەن كەچلىك بازارغا بېرىپ ئايلىنىپ، مەززىلىك تائاملارنى كۆپرەك تېتىپ كۆرۈش كېرەك.» دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە سىچۇەندىن شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن سەي چىڭسۇڭ قەشقەرنىڭ كەچلىك بازىرىنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدى.

قەشقەر شەھىرى ئوردا ئالدى كەچلىك بازىرىدا بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە تىجارەت توختىمايدۇ، ھەر كۈنى كەچتە بېلىق كاۋىپى، كاۋاپ، ھەر خىل ئۇششاق يېمەكلىك، تۈرلۈك مېۋە - چېۋە قاتارلىق مەززىلىك يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق. كاۋاپخانا خوجايىنى ئابلىخەت قاسىم ھەر كۈنى كەچتە ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، قولىدىكى كاۋاپلار چوغ ئۈستىدە توختىماي ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ، مەززىلىك ھىدى تۆت ئەتراپنى بىر ئالىدۇ.

«بىر كۈندە 1500 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە پۇل تاپالايمەن.» ئابلىخەت مۇنداق دېدى: «سودىمىز ناھايىتى ياخشى، ئىچكىرى رايونلاردىن بۇ يەرگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ، چەتئەللىك ساياھەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەس».

تۈن پەردىسى تۆت ئەتراپقا يېيىلغاندا، ئاقسۇ شەھىرى لەڭگەر يولىدىكى بىر سودا سارىيىنىڭ سىرتىدىكى پانۇس كۆرگەزمىسى كاردورى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدىغان بولۇپ، «دۆلەت بايرىمىنى خۇشال - خۇرام تەبرىكلەيمىز» دېگەن خەتلەر بېسىلغان قىزىل رەڭلىك پانۇسلار، كىچىك رەڭلىك چىراغلار بۇ يەرگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقان بولۇپ، پۈتۈن كوچا قىزىل نۇر ئاستىدا خۇشال - خۇرام كەيپىياتقا چۆمگەندى، نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى ۋە ساياھەتچى قەدىمىنى توختىتىپ سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى. «كۈندۈزى كوچا ئايلىنىپ نەرسە - كېرەك سېتىۋالىمىز، كەچتە كەچلىك مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىمىز، بۇ دۆلەت بايرىمى تېخىمۇ مەنىلىك بولدى» دېدى ئاقسۇ شەھىرى ئاھالىسى جوۋ ياڭ.

**(مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، شيا چىڭ، خەن چىنيەن، جاڭ تىڭ، گېزىتىمىزنىڭ قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن ما جىجۈەن، تارباغاتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋېن بو يازغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

زامان - ماكان گىرەلەشمىسىدە، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت يېڭى تارىخىي پۇرسەت ئالدىدا سۈرئەت ۋە قايناق ھېسسىياتنى نامايان قىلىپ كىشىلەرنى ھاياجانغا سالدى. كۆز يەتكۈسىز يېشىل تاغ، سۈزۈك سۇ گۈزەل بىپايان تەبىئىي مەنزىرىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى ئىدى. تىرىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان كۈرەش قىلغۇچىلار ۋە چاڭغا تېپىلىش مۇسابىقە يولىدا ئاكتىپلىق بىلەن ئىلغارلىقنى تالىشىۋاتقان تەنھەرىكەتچى ئەزىمەتلەر ۋەتەننىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە قەد كۆتۈرگەن بۇ شەھەردە، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىش، باشلامچىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىش روھىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى.

شياۋلۇگۇدا، دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر، مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ھەمدە ئادەتتىكى ئاممىنىڭ تەبەسسۇمى بىر ئىللىق «تەبەسسۇم تېمى»نى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنى بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

«ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ بۇ شەھەرنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز، ئۇ مۇقەررەركى بىز ياش بىر ئەۋلادلارنىڭ پەخرى بولۇپ قالغۇسى!» دېدى چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى نەق مەيدانىدا ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسى ئەمەلىي قوللىنىشچان قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ياڭ شۈلياڭ.

### ■ قەلبىمىزدىكى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن

ئۇدا 18 كۈن داۋاملاشقان چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار، شىداچياۋ - خۇڭشەن، شياۋلۇگۇ قاتارلىق جايلارنى تۇردا ئالقىشلانغان جەزمەن بارىدىغان جايغا ئايلاندۇردى. يۈزگە چاپلانغان دۆلەت بايرىقى بەلگىسى، قولدىكى دۆلەت بايرىقى، ھاياجانلىق تەبەسسۇم كۈلكىسى بىلەن بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ، ئۈرۈمچىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى قىزارتىۋەتتى.

«ئاپا، ئاپا! قارىغە، نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە!» 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچتە، ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە شياۋلۇگۇغا چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىنى كۆرگىلى بارغان جۇ لى ئاپتوموبىلنى تېخى توختاتماستىنلا، ئۈچ ياشلىق قىزى ھاياجانلانغانلىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

«ياشىسۇن ۋەتەن!» «مەن سېنى سۆيىمەن جۇڭگو!» كۆزنى چاقنىتىدىغان چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، بىر توپ ياشلار تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى، چاقماق چىراغنىڭ چاقنىشى بىلەن ئۇنتۇلماس دەقىقىلەر خاتىرىلەندى.

«بۇ تۈزلەڭلىكتە ئېگىز بىنالارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ، چۆللۈكنىڭ بوستانلىققا ئايلىنىپ، كۆز ئالدىمدا بىر خىل تۈسكە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەن بۇ تۇپراقتا ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم» دېدى جۇ لى.

شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازاردا، «مەن سېنى سۆيىمەن جۇڭگو» دېگەن خەتلەر بىلەن يورۇتۇلغان مەنزىرە كۆرۈش مۇنارى ئاستىدا، شادىيانە مېلودىيەگە جور بولۇشۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز قوشۇلۇشى بىلەن ئۇسسۇلچىلار سېپى بارغانسېرى زورىيىۋاتاتتى، چىن قەلبتىن ئۇرغۇغان خۇشاللىق ھەربىر كىشىنىڭ چېھرىدە جىلۋىلەنگەن بولۇپ، كېچە ئاسمىنىدىكى ئەڭ تەسىرلىك كۆرۈنۈشكە ئايلانغانىدى.

شىداچياۋدا، تونۇش مېلودىيەگە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خېتەن كۆكەرتىش باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى رەشىدە ئىسمايىل تۆۋەن ئاۋازدا ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

«مېنىڭ شەھىرىمىزنىڭ كۆكەرتىش ئىش ئورنىدا ئىشلىگىنىمگە ئون نەچچە يىل بولدى، بۇ شەھەرنىڭ بارغانسېرى يېشىللىشىپ، بارغانسېرى گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەلبىمدىكى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن. شەھەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ھەربىر قەدىمى بارلىق قۇرغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك ئارقا تىرەكتىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئائىلە ئەڭ كىچىك دۆلەت، دۆلەت مىليونلىغان ئائىلە بولىدۇ، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!» دېدى رەشىدە.

### ■ شىنجاڭ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ بەك گۈزەل ئىكەن

«ئاپا! مەن تېلېۋىزوردا ئۈرۈمچىنىڭ چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىنى كۆردۈم، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى بەك گۈزەل ئىكەن دېيىشتى! خۇددى ئاۋات شاڭخەيگىلا ئوخشايدىكەن!»

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى ساۋ شىنلىن شاڭخەيدىكى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلىدىن كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلدى، ئوغلىنىڭ ئاۋازىدىن تەسىرلەنگەنلىكى ھەم يەنە ھاياجانلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سائەت 20دىن 24 مىنۇت ئۆتكەندە، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات قانىلىنىڭ «شەرق ئىقلىمىدا» پروگراممىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «ياشىسۇن ۋەتەن» باش تېمىلىق چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى سەككىز مىنۇت بىۋاستە كۆرسىتىلدى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 20گىچە، شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك - تاراتقۇ (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى) يېڭى تاراتقۇ مەركىزىدىكى ھەرقايسى سۇپىلار چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىگە ئالاقىدار سىن، دوۋيىن ھەم سۈرەت، يازما خەۋەردىن جەمئىي 58 پارچە ئېلان قىلدى، جەمئىي كۆرۈش مىقدارى 10 مىليوندىن ئاشتى.

دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئۈرۈمچىگە ئېكسكۇرسىيەگە كەلگەن ساياھەتچىلەرمۇ بۇ مەيدان باش تېمىلىق چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىنىڭ «پاراۋانلىقى»دىن بەھرىمەن بولدى.

شىداچياۋدا، جياڭشىلىق ساياھەتچى لى بىن ئۈندىدارنى ئېچىپ سىنلىق سۆزلىشىپ، يۇرتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كۆز ئالدىدىكى رەڭگارەڭ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرسەتتى. «قۇملۇقتىكى توغراقلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە ئىنتىلگەچكە، مەن شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن. بۇ يەردە ئىچكىرى رايونلاردا كۆرگىلى بولمايدىغان ئۆزگىچە مەنزىرىلەر بولۇپلا قالماي، شەھەرلەرنىڭمۇ شۇنچە ئاۋات، مودا ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. مەن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، شىنجاڭ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ بەك گۈزەل ئىكەن!»

يىراقتىكى قىرغىزىستاندىكى ۋۇ يىڭشۇ تېلېۋىزور ئارقىلىق يۇرتى ئۈرۈمچىدىكى چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىنىڭ تەنتەنىلىك ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆز يېشى قىلدى.

«مېنىڭ يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغا ئون نەچچە يىل بولدى، بۇ شەھەر دائىم چۈشۈمگە كىرىپ تۇرىدۇ. كېلەر يىلى دۆلەت بايرىمىدا، مەنمۇ شىداچياۋدا تۇرۇپ نەزەر تاشلاپ، كۈنسېرى گۈزەللىشىپ بېرىۋاتقان يۇرتۇمنى كۆرۈپ باقىمەن!»